# يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھۆججەتتە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى ۋەزىيىتىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان بىرىنچى بەش يىل. مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە جەزمەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق قارىدى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم، بىردەممۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، جەزمەن چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپە قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەڭ دېھقانلارنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

ھۆججەتتە مۇنداق بېكىتىلدى: يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كەسىپلىرىنى، ئىختىساسلىقلىرىنى، مەدەنىيىتىنى، ئېكولوگىيەسىنى، تەشكىلاتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، ئېكولوگىيە توسۇقى بولۇش، مەدەنىيەتتە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق فۇنكسىيەلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، ماس تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سانائەت ـ يېزا ئىگىلىكى، شەھەر ـ يېزا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىششقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي ـ باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بوشاشماي كۆرەش قىلغان شانلىق مۇساپىسىنى سىستېمىلىق ئەسلەپ، پارتىيەنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە ياراتقان نەزەرىيە نەتىجىلىرى، توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرى، تاۋلىغان ئۇلۇغ روھىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، پارتىيەنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەمىنلىگەن جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى، جۇڭگو لايىھەسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا نەزەر سالدى. بۇ مۇھىم باياناتلارنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشدا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. نىشان، تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەركەزلىك ئۆگىنىشنى ئۆزلۈكدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنى ئۆزى تاللىغان ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» ۋە باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئالاھىدىلىكى روشەن، شەكلى كۆپ خىل بولغان ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، لايىھە، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك؛ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رېئاللىقنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشى، پۇختىلىشى، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداش ئۆزى تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇشى، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ۋە تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بەشىنچىدىن، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش، ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، سىستېما قارىشىنى كۈچەيتىپ، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر تۇرغۇزۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق ئىسلاھات مەسئۇلىيىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، ياڭ چېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، خىزمەتنى ياخشىلاش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم پۇرسەت قىلىپ، قەتئىي تۈردە مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن جايىدا تۈزىتىپ، قەتئىي تۈردە تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا تاماملاش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تۈزىتىشكە مۇئامىلە قىلىپ، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ كۈچلۈك تەدبىرلەر بىلەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەم ـ كوتىسىز ھالدا مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باش مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى) شۇجىلىرى ئۆزى تۇتۇپ، كونكرېت تۇتۇپ، «تۆتكە سىڭىشىش» تەلىپى بويىچە، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا ھەقىقىي ئىش قىلىش، ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك. كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، تۈزىتىشنى قاتتىق، پۇختا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى قايتما ئىنكاس پىكرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تۈرمۇتۈر تىزىملىككە توغرىلاپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پارچىلاپ، بىرنى تۈزەتسە بىرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەممە ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق تۈزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تۈزىتىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈندىلىك نازارەتچىلىكتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، تۈزىتىش بويىچە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىي تۈزىتىلىشى، ئەمەلىي تۈزىتىلىشى، ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھازىر تۈزەتكىلى بولىدىغانلىرىنى ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قەرەلدە جايىدا تۈزىتىش، ئۇزاق مۇددەت تۈزىتىشكە تېگىشلىكلىرىدە باسقۇچ، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش ئارقىلىق پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بايراق روشەن ھالدا سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن تۈردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قوغداپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى پۇختىلاپ، بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى ۋە «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى چىڭىتىش؛ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، پارتىيەۋىلىك قاراشنى كۈچەيتىش؛ بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشى، ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىلىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارغا غەمخورلۇق قىلىش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش ئارقىلىق «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.